# ئىزدىنىش

(تاللانما)

6 1997

# يېڭى دەۋردىكى مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى

بۇ خې

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلابىي تايانچ بازا ھاكىمىيىتى مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنلارنى تۈزۈش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى سىناق قىلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە بىلەن دۆلەت مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنلارنى تۈزۈش ئارقىلىق، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن بۇيان، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى زور تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ۋە پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. يېڭى دەۋردىكى مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ جەريانى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈش ۋە ئۇنى خۇلاسىلەش مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ.

## 1. يېڭى دەۋردىكى مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىرى

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزدە مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن تۈزۈش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن-نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىمۇ بىرقەدەر چوڭ نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى مۇنۇلار:

1982-يىلى تۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇن مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن تۈزۈش ئىشىنى قانۇنىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. 1982-يىلدىكى ئاساسىي قانۇن 1954-يىلدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، 1954-يىلدىن بۇيانقى مىللەتلەر خىزمىتىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، مىللىي مەسىلە توغرىسىدا بىرقەدەر ئەتراپلىق بەلگىلىمىلەرنى بەلگىلىدى، مەسىلەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ھەققىدىكى

بەلگىلىمىلەر 1954-يىللىق ئاساسىي قانۇندىكى 6 ماددىدىن 11 ماددىغا كۆپەيتىلدى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىمۇ بۇرۇنقى 4 تۈردىن 6 تۈرگە كېڭەيتىلدى، ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلغۇزۇش ئىنتايىن گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇلدى. 1982-يىللىق ئاساسىي قانۇن يەنە مىللىي باراۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىگە ئوخشاش مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپ ۋە ئاساسىي سىياسەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئاساسىي قانۇننىڭ مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى بەلگىلىمىلىرى ھەم دۆلەتنىڭ مىللىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئەڭ يۇقىرى مىزانى، ھەم مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنلارنىڭ يادرو قىسمى، شۇنداقلا مىللىي ئىشلارغا دائىر بارلىق قانۇنلارنىڭ قانۇنىي ئاساسى ۋە ئۇلى.

1984-يىلدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تۈزۈلۈشى يېڭى دەۋردىكى مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن تۈزۈش خىزمىتىدىكى چوڭ نەتىجە ھېسابلىنىدۇ. 1984-يىلى 5-ئاينىڭ 31-كۈنى 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-يىغىنىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ماقۇللاندى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئاساسىي قانۇن پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىگە نىسبەتەن ئەتراپلىق، كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى بەلگىلىدى، ھەمدە نۇقتىلىق ھالدا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش، ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ياردەملىشىش جەھەتتىكى بۇرچى قاتارلىق مەسىلىلەرگە نىسبەتەن بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى، بۇ بەلگىلىمىلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئېلىپ بېرىشتىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتا غايەت زور رولنى جارى قىلدۇردى.

ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىن باشقا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى 1979-يىلدىن 1996-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تۈزۈپ چىققان 300 پارچىدىن ئارتۇق قانۇن ۋە قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك قاراردىن 40 نەچچىسى مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مەزمۇنى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. گوۋۇيۈەن ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تارماقلار مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى بىر قىسىم مەمۇرىي نىزام ياكى مەمۇرىي قائىدىلەرنى تۈزۈپ چىقتى. قارىمىقىدا ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە بار 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى يۈرگۈزۈشنىڭ بىرقانچە بەلگىلىمىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى؛ يەنە 10 ئۆلكە تارقاق ئولتۇراقلىشىپ ياشاۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك 11 نىزامنى بەلگىلىدى. 1996-يىل 7-ئايغا كەلگىچە، مەملىكەت بويىچە جەمئىي 25 ئاپتونوم

ئوبلاست، 98 ئاپتونوم ناھىيە (خوشۇن) ئاپتونومىيە نىزامنى تۈزۈپ چىقتى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئايرىم نىزامىدىن 136 پارچىسىنى، جانلىق ئىجرا قىلىنىدىغان بەلگىلىمە ۋە قوشۇمچە بەلگىلىمىدىن 60 پارچىسىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ قانۇن-نىزاملار دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشنىڭ ئاساسىي تەرەپلىرىدە ئەمەل قىلىدىغان قانۇن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن تۈزۈش خىزمىتى ھەر تەرەپلىمە ئالغا ئىلگىرىلەش بىلەن بىرگە، يېڭى دەۋردىكى مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن، نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىمۇ بىرقەدەر چوڭ نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1984-يىلى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ بىرىنچى بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، مەركەزدىن تارتىپ جايلارغىچە بولغان ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ھەر خىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تەشۋىق قىلدى، ھەرقايسى ئاپتونومىيىلىك جايلارمۇ ئۆز جايلىرىنىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش مەزمۇنىغا كىرگۈزدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان زور كۈچ بىلەن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەتلىرى ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنلىرى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن، نىزاملارغا رىئايە قىلىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشتىكى ئاڭلىقلىقى ئىنتايىن زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەركەز بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەتلەر مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن، نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى دائىم تەكشۈرۈپ ۋە نازارەت قىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە مۇناسىۋەتلىك نىزاملارنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلدى، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە مىللىي جايلاردىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1. 1984-يىلدىن بۇيان، يېڭىدىن 47 مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئومۇمىي سانى (156) نىڭ 30 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كاپالەتكە ئىگە بولدى. 2. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ئىشلىتىشكە يەنىمۇ كۆڭۈل بۆلۈندى. مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 1983-يىلدىكى بىر مىليوندىن نۆۋەتتىكى 2 مىليون 400 مىڭدىن ئارتۇقعا يەتتى. ھازىر ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىنى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقلىقىنى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىنى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يۈرگۈزگەن مىللەت پۇقرالىرى ئۆتىمەكتە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك

جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يۈرگۈزگەن مىللەت پۇقرالىرى مۇدىرلىق ياكى مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە. بۇنىڭدىن باشقا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەركىبىدىكى باشقا خادىملار ھەمدە خىزمەتچىلەرمۇ مۇمكىنقەدەر تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يۈرگۈزگەن مىللەت ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىدىن تاللانغان بولۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تولۇقلانغان. 3. مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادى ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1995-يىلى مەملىكەت بويىچە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 678 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتكەن بولۇپ، 1985-يىلدىكىنىڭ 8 ھەسسىسىدىن كۆپرەككە توغرا كېلىدۇ. 1986-يىلدىن 1994-يىلغىچە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %10.7 بولۇپ، مىللىي رايونلاردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان. 4. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولدى. مىللىي رايونلاردا باشلانغۇچ مەكتەپتىن 103 مىڭ 139ى، ئوتتۇرا مەكتەپتىن 11 مىڭ 563ى، ئالىي مەكتەپتىن 105ى قۇرۇلغان. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چارۋىچىلىق، تاغلىق رايونلىرى يەنە ھەر جايىنىڭ ئەھۋالىغا بېقىپ 6000 دىن ئارتۇق ياتاقلىق مىللىي ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قۇردى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن يۇقىرى سۈرئەت بىلەن زور ھەجىمدە كۆپەيمەكتە، مىللىي رايونلارنىڭ ئاھالىسىدە ساۋاتسىزلارنىڭ نىسبىتى روشەن تۆۋەنلەپ، ئاھالىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىق ئوقۇتۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈندى. نۆۋەتتە موڭغۇل، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەنزۇ، جۇاڭزۇ قاتارلىق 21 مىللەتنىڭ 8 مىليونغا يېقىن ئوقۇغۇچىسى 30 خىل ئاز سانلىق مىللەت تىل-يېزىقىدا ئۆگىنىش قىلىدۇ، ھەر يىلى نەشر قىلىنىدىغان ئاز سانلىق مىللەت تىل-يېزىقىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكى 2900 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، ئومۇمىي تىراژى 120 مىليوندىن ئارتۇق.

## 2. يېڭى دەۋردىكى مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى

مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ، مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت، شۇڭا، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە

بەزى ئالاھىدە پرىنسىپلاردا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك.

(1) ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش. يولداش ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزمنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلە ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، توغرا مىللىي سىياسەتلەرنى بەلگىلەپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن دۆلەتنىڭ مۇستەقىل، مىللەتنىڭ ئازاد بولۇش يولىنى كۆرسىتىپ، يېڭى جۇڭگونى قۇرۇپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئورنىتىپ بەردى. لېكىن، تەبىئىي، تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدىكى تەكشىسىزلىك بىرقەدەر گەۋدىلىك بولماقتا، بولۇپمۇ ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسى يەنىلا بىرقەدەر قالاق ھالەتتە تۇرماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە نۇرغۇن يېڭى ئەھۋاللار، يېڭى مەسىلىلەر بولۇپ ئىپادىلىنىپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە تېخىمۇ ئېغىر ۋەزىپىلەرنى قويماقتا. شۇڭا، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللىي مەسىلىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، چوقۇم ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى توغرا تەھلىل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى بىزنىڭ ئەۋزەللىكىمىز؛ مىللىي سىياسەتلەرنى بەلگىلەشتە مىللىي باراۋەرلىكنى ھەقىقىي ئاساس قىلىش، مىللىي رايونلارنى تەرەققىي تاپقۇزۇشنى كۆزدە تۇتۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى قەدەممۇ قەدەم ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك دېگەندەك ئاساسىي كۆزقاراشلار يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا بۇلارغا چوقۇم ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك.

كومپارتىيە بولمىسا يېڭى جۇڭگومۇ بولمايدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى ۋە باراۋەرلىكى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىمۇ بولمايدۇ. ماركسىزمنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەر چوڭ-كىچىك دەپ ئايرىلماستىن باپباراۋەر بولىدۇ دەيدىغان پرىنسىپىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش، ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئىناقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، قۇدرەت تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىزدىن مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا چوقۇم جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە

چىڭ تۇرۇش، چوقۇم پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولۇش يولىنى تۇتۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

(2) مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇش. مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش، ھەمدە مۇشۇ ئاساستا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ يادروسى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنىڭ، ئورتاق گۈللىنىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا، مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پرىنسىپىغا تەۋرەنمەي قەتئىي ئەمەل قىلىپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى بويىچە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى تەھلىل قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردە شەكىللەنگەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك ۋە ئېھتىياجلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش ۋە يولغا قويۇش ئارقىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشى، ئۆزئارا ئىشىنىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىگە مىللەتلەر ئىتتىپاق بولسا دۆلەت روناق تاپىدۇ، مىللەتلەر بۆلۈنۈپ كەتسە، دۆلەت زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ دېگەن داۋلىنى ھەقىقىي چۈشەندۈرۈش، «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ»، «ھەرقايسى مىللەتلەر ھەممە-پەس، تەقدىرداش، قەلبداش» دېگەن ئىدىيەلەرنى ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق قارىشىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

(3) ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش. كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت. دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، بىرلا خىل تۈزۈمدىكى دۆلەت شەكلىنى قوللىنىش ھەمدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى شەكلى بولۇپ، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، «مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا جۇڭگودا مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى تۈزۈمى يولغا قويۇلماي، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ تۈزۈم بىرقەدەر ياخشى تۈزۈم، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تۈزۈم» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 532—533-بەتلەر). ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا، دۆلىتىمىزنىڭ ئايرىلماس قىسمى، ھەممىسى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلىرىنى

ئىزچىل ئىجرا قىلىندۇ. لېكىن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ يەنە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار باشقا يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن ئوخشاش ھوقۇقنى يۈرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىمۇ يۈرگۈزىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش دۆلەتنىڭ مەركەزلىكى ۋە بىرلىكىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئاپتونومىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىنى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتىنى ئۆز مىللىتىنى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە پايدىلىق.

(4) مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىدە چىڭ تۇرۇش. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قالاق ھالىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى قەدەممۇ قەدەم ئىشقا ئاشۇرۇش دۆلىتىمىز سوتسىيالىس-تىك تۈزۈمىنىڭ تۈپ تەلىپى، پارتىيە بىلەن دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى، شۇنداقلا مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەزىپىسى. بۇ پەقەت ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ سىياسىي مەسىلىدۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1950-يىلىلا مۇنداق دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى: "مىللىي تېررىتورىيە-لىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرمەسەك، ئاپتونومىيە دېگىنىمىزمۇ قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 386-بەت) ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋات-قان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەتتە، ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى — ئورتاق بېيىش، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان نەرسە ئەنە شۇ. ئەگەر ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش يولى تۇتۇلسا، ئەھۋال باشقىچە بولۇپ قالىدۇ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ئەۋج ئالىدۇ، مەركەز بىلەن جايلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ شۇنىڭغا يارىشا ئەۋج ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چاتاق چىقىدۇ." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 756—757-بەتلەر) ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى مىللىي رايونلارنىڭ گەرچە ئىقتىسادىي ئاساسى قالاق بولسىمۇ، لېكىن بۇ رايونلار مول بايلىققا ئىگە بولۇپ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا بارغانسېرى مۇھىم ئورۇننى تۇتۇۋاتىدۇ. دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋى-لاشتۇرۇش ئىشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ، مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىمۇ دۆلەتنىڭ ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. خەنزۇلار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، تەرەققىي قىلغان خەنزۇلار رايونلىرى-

نىڭ ئىلغار تېخنىكىسى، ھەممە باشقا ئەۋزەللىكلىرى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈش — بۇ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم يولىدۇر.

(5) ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇش. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بىر-بىرىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ۋە ھەرقايسى رايونلارنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا، دۆلەتنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى چىقىش قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن دۆلەتنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىدۇ؛ شۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى ۋە ئايرىم نىزاملارنى بەلگىلەيدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنلارنى تۈزۈشتە، مىللىي رايونلاردىكى كونكرېت مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى چىقىش قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىققان. لېكىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، نۇرغۇن بەلگىلىمىلەر يەنىلا پرىنسىپ خاراكتېرلىك بولۇپ، ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ يەنە شۇ جاينىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى، شۇ ئاپتونومىيىلىك جاينىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش ئارقىلىق، كونكرېت مەسىلىلەرنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ھەل قىلىشلىرىغا توغرا كېلىدۇ. ئىككىنچىدىن، نۆۋەتتىكى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش جەريانىدا، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرمەكتە، مىللىي رايونلاردا ۋە مىللىي خىزمەتلەردە مۇقەررەر ھالدا نۇرغۇن يېڭى ئەھۋاللار ۋە يېڭى مەسىلىلەر مەيدانغا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، چوقۇم چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن تۈزۈشنى ئوبيېكتىپ ئاساسلار بىلەن تەمىنلەپ، تۈزۈپ چىقىلغان قانۇن-نىزاملارنى قاراتمىلىققا ئىگە قىلىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەقىقىي رەۋىشتە ھەل قىلالايدىغان قىلىش كېرەك.

## 3. يېڭى دەۋردىكى مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەزىپىسى

1992-يىلى باش شۇجى جياڭ زېمىن مەركىزىي مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا: "مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، مىللىي ئىشلار ساھەسىدە بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك قانۇن-نىزام سىستېمىسى ۋە نازارەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك" دەپ كۆرسەتتى. بۇ، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا نۆۋەتتە جىددىي ئورۇنداشقا تېگىشلىك ۋەزىپىدۇر. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، نۆۋەتتە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەرەپتىكى خىزمەتلەرنى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەش كېرەك:

1. مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى پۈتۈنلەي قانۇنچىلىق يولىغا سېلىش لازىم. سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش — مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بىر تۈپ ۋەزىپىسى ۋە پرىنسىپى. باش شۇجى جياڭ زېمىن يېقىندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش دېگەنلىك، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى قانۇنلاشتۇرۇشنى، قېلىپلاشتۇرۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇن بەلگىلىملىرى بويىچە، تۈرلۈك يوللار ۋە شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئەمەل قىلىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇنغا چوقۇم ئەمەل قىلىش، قانۇننى چوقۇم قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق يولىدا ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش دېگەنلىكتۇر." مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلار "پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش" ئومۇمىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە تىنچ بولۇشىنى قوغداش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن تۈزۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن سىستېمىسىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن-نىزاملارنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر

قانۇن-نىزاملارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا قانۇنچىلىق يولىغا سېلىشى كېرەك.

2. ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان قانۇن-نىزاملارنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ چىقىش كېرەك. ئالدى بىلەن مىللىي ئىشلارغا دائىر مەملىكەتلىك ۋە يەرلىك قانۇن چىقىرىش پىلانلىرىنى ئىمكانقەدەر تېز تۈزۈپ چىقىش كېرەك. مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن چىقىرىش پىلانلىرىنى تۈزۈشتە، ئاساسىي قانۇننى ئاساس قىلىش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەڭشەشنى ئاساسىي نىشان قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنلار بىلەن باشقا قانۇنلارنىڭ بىر-بىرىگە ماس كېلىشى ۋە بىردەك بولۇشىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. بۇ سۆز ھەم مىللىي ئىشلارغا دائىر بارلىق قانۇنلار ئاساسىي قانۇنغا ۋە دۆلەت تۈزگەن باشقا قانۇنلارغا زىت كەلمەسلىكى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئەمەل قىلىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، دېگەن مەزمۇننى، ھەم چىقىرىلغان قانۇنلاردا مىللىي مەسىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلۈشى كېرەك، دېگەن مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ئورگانلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق، ئىجتىمائىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار بىلەن بىرلىشىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، تەتقىقات ۋە مۇھاكىمىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مۇشۇ بىر-ئىككى يىلدا تىرىشىپ مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي ئىشلارغا دائىر ئەسىر ھالقىيدىغان قانۇن چىقىرىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشىمىز لازىم.

9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىن 2010-يىلغىچە، مەملىكىتىمىزدە پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە بۇرۇلۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھىسىدە "دۆلەت سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويىدۇ"، "دۆلەت ئىقتىسادقا دائىر قانۇن چىقىرىشنى كۈچەيتىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن. ئىقتىسادقا دائىر قانۇن چىقىرىشنى كۈچەيتىش ھازىرقى باسقۇچتىكى پۈتكۈل سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي خىزمىتى، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن چىقىرىشمۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. نۆۋەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئازا سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئەڭ جىددىي تەلىپى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، شەرقىي قىسىمدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن بولغان پەرقنى قەدەممۇقەدەم كىچىكلىتىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، قانۇن چىقىرىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي خىزمىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىرىنچى، دۆلەت چىقارغان ئىقتىسادقا دائىر قانۇنلاردا، ھەم سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ

ئومۇمىي قانۇنىيىتىنى ۋە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئارقىدا قالغانلىقىدەك ئالاھىدە ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئاساسىي قانۇننىڭ دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ دېگەن پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنۇملۇك بولغان ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قانۇن شەكلى بىلەن نامايان قىلىش كېرەك. ئىككىنچى، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە مىللىي ئىشلارغا دائىر باشقا قانۇن-نىزاملاردىكى رېئال ئەھۋالغا ماس كەلمەيدىغان بەلگىلىمىلەرنى چىڭ تۇتۇپ تۈزىتىش كېرەك. ئۈچىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا قوشۇمچە بولىدىغان مەمۇرىي قانۇن-نىزام ۋە بەش ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ چىقىش لازىم. چۈنكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بەزى بەلگىلىمىلىرى بىرقەدەر پرىنسىپال بەلگىلىمىلەر بولۇپ، ئۇنى گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ يەنىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ؛ بەش ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرى مەركەز ۋە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ئاپتونوم رايونلارنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى دائىرىسىنى ئايرىشقا چېتىلىدۇ، شۇڭا، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى ئىمكانقەدەر تېز تۈزۈپ چىقىش بۇ مۇناسىۋەتلەرنى ئەقلىغە مۇۋاپىق ئايرىش ۋە ئېنىق قېلىپلاشتۇرۇشقا پايدىلىق، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاكتىپلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. تۆتىنچى، مىللىي ئاپتونوم جايلار ئايرىم نىزاملارنى، جانلىق ئىجرا قىلىنىدىغان بەلگىلىمىلەرنى ۋە قوشۇمچە بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئاپتونوم جايلارنىڭ بەزى ئالاھىدە مەسىلىلىرىگە نىسبەتەن، دۆلەت مەخسۇس ھالدا بىر تۇتاش قانۇن چىقارمىغان ۋە شۇنداق قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، لېكىن بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىنى قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش ھەقىقەتەن زۆرۈر، بۇ ھال ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاساسىي قانۇن بەرگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈپ، ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈش ئارقىلىق ھەل قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ؛ بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا، دۆلەت گەرچە قانۇن چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپتونوم جايلارنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدۇ، ياكى ئۇنىڭدىكى بەلگىلىمە كونكرېت ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالدا، ئاپتونوم جايلار جانلىق ئىجرا قىلىنىدىغان بەلگىلىمىلەر ۋە قوشۇمچە بەلگىلىمىلەرنى تۈزسە بولىدۇ.

3. ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلىپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن چىقىرىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش داۋامىدىكى قىيىن مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش داۋامىدا مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش بىر تۈرلۈك ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ئىش. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخى ئۇزاق ئەمەس، تەجرىبىسىمۇ كۆپ

ئەمەس، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرماقتا، يالغۇز بۇلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئۆزى بىر مەيدان تۈپ خاراكتېرلىك ئىسلاھاتتۇر. شۇڭا، ئىلگىرىلەش داۋامىدا ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇپ تۇرىمىز. مەسىلەن، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا، بىز باجنى كېمەيتىش-كەچۈرۈم قىلىش، تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز بېرىش، پايدا ۋە مەھسۇلاتنى پىرسەنت بويىچە قالدۇرۇش، ئالاھىدە مالىيە سىياسىتى قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق مىللىي ئاپتونوم جايلارنى يۆلەشنى تەكىتلەيتتۇق. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، مىللىي ئاپتونوم جايلارغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قانداق ياخشىلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك؟ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن دۆلەت قولىدىن كېلىشىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ دېگەن پرىنسىپنى ئىقتىسادقا دائىر قانۇنلاردا قانداق نامايان قىلىش كېرەك؟ مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا قانداق قىلىپ ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، دېگەندەك مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن چىقىرىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش داۋامىدىكى قىيىن نۇقتىلاردۇر. بۇ ھال بىزدىن ئىسلاھات روھى بىلەن بۇ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىلمىي تەتقىقات ئورگانلىرى، مۇتەخەسسىس-ئالىملار ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكى كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خىزمەتچىلەر بىلەن بىللە، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن چىقىرىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش داۋامىدىكى تۈرلۈك قىيىن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئورتاق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىشىمىز لازىم.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: كامىلجان تۇرسۇن
ئادالەت مۇھەممەت

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان